


# پولاتتەك تاۋلانغان ئارمىيە روھى

## ـــ گۇتيەن يىغىنى ئېچىلغان كونا جايىنى زىيارەت

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى \ يۇ شياۋچۈەن، جاڭ رۈيجېي، دىڭ پىڭ**

«ئۇلۇغ تارىخىي مۇقەددەس جايغا كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمگە كۆپ رەھمەت».

2016 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شۇ چاغدىكى فىجىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لوئانىي نايۋالۇرۇئا گۇتيەن يىغىنى ئېچىلغان كونا جايغا ئېھتىرام بىلدۈردى، گۇتيەن يىغىنى خاتىرە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئىمزا دەپتىرىگە مۇنداق سۆز قالدۇردى: «بۈگۈن مەن ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلىدىم، دۆلىتىڭلارنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى چۈشەندىم، ھەم سىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن باشقا دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىشنى خالايدىغان دۆلەت بولغانلىقىڭلارنى چۈشەندىم».

92 يىل ئىلگىرى، گۇتيەندىن ئىبارەت بۇ قىزىل تۇپراقتا، خەلق ئارمىيەسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە سۇمۇرغدەك ئوتتا تاۋلىنىپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشكەن ئىدى.

چاغاندا، غەربىي فۇجيەندىكى شېشيا تېغىدا، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئاق تام، كۆك كاھىشلىق گۇتيەن يىغىنى ئېچىلغان كونا جاي ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، كۆككە تاقاشقان قەدىمىي دەرەخ ئاستىدا «گۇتيەن يىغىنى مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ» دېگەن سەككىز قىزىل چوڭ خەت كۆزگە روشەن چېلىقىپ تۇراتتى.

«گۇتيەن يىغىنى ئېچىلغان كونا جايدىكى بارلىق ئەسلىھەلەر ئەينى يىلى گۇتيەن يىغىنىغا قاتناشقان پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئەسلىمىسى بويىچە ئەينەن تىزىلغان بولۇپ، بۇرۇنقى قىياپىتى ساقلاپ قېلىندى.» گۇتيەن يىغىنى خاتىرە سارىيىنىڭ سارايى باشلىقى زېڭ خەنخۇي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يىغىن ئورنى ئەتراپىنىڭ مۇھىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ھەم ئىلگىرىكى بىرلا يىغىن ئورنىدىن ھازىرقى خاتىرە سارايى، شېچېڭدىيەن، سۇڭيىنتاڭ، قىزىل ئارمىيە كۆۋرۈكى، ۋېنچاڭ راۋىقى، جۇڭشىڭتاڭ، شۇخۇەيتاڭ قاتارلىق نۇرغۇن كونا جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۇتيەن يىغىنى ئېچىلغان كونا جاي توپى قىلىپ كېڭەيتىلدى.

گۇتيەن يىغىنى خاتىرە سارىيىنىڭ زالىغا كىرسىڭىز، ئۇدۇل تامدىكى داڭلىق چوڭ تىپتىكى ماي بوياق رەسىمدە «گۇتيەن يىغىنى» ئىنتايىن جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۆزىڭىزنى خەلق ئارمىيەسى تارىخىدىكى ئاشۇ مۇھىم پەيتلەردە تۇرغاندەك ھېس قىلىسىز.

بۈيۈك ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەزالىرى جۇڭگو ئىنقىلابى ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىشكە باشلىدى. 1929 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، قىزىل 4 ـ ئارمىيەنىڭ 9 ـ قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شاڭخاڭ ناھىيەسى گۇتيەن بازىرىدا ئېچىلدى.

«يىغىندا نەنچاڭ قوزغىلىڭىدىن بۇيانقى قىزىل ئارمىيە قۇرۇلۇشىدىكى مول تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، قىزىل ئارمىيەنىڭ پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان نوقۇل ھەربىي قاراش، غەيرىي تەشكىلىي قاراش، چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيەلەشتۈرۈش قاتارلىق تۈرلۈك غەيرىي پرولېتارىيات ئىدىيەلىرى تەنقىد قىلىندى.» زېڭ خەنخۇي مۇنداق دېدى: يىغىندا ماۋ زېدۇڭ رىياسەتچىلىكىدە تەييارلانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قىزىل 4 ـ ئارمىيەنىڭ 9 ـ قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنى قارار لايىھەسى»، يەنى «گۇتيەن يىغىنىنىڭ قارارى» بىردەك ماقۇللىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئارمىيەگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكى بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇش پرىنسىپى جۇڭگو ئىنقىلابىنى ئۈزلۈكسىز غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە يېتەكلىدى.

تۆت فورمات، ئىككى بەتلىك مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان گېزىت گۇتيەن يىغىنى خاتىرە سارىيىنىڭ كۆرگەزمە ئۆيىدە جىمجىتقىنا ئېسىقلىق تۇراتتى، گېزىتنىڭ بېشىدىكى «بۇرغۇن» دېگەن ئىككى خەتنى تەستە كۆرگىلى بولاتتى.

بۇ، خەلق ئارمىيەسى نەشر قىلغان تۇنجى قوغۇشۇن باسمىلىق گېزىت بولۇپ، 1929 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، قىزىل 4 ـ ئارمىيەنىڭ سىياسىي بۆلۈمى غەربىي فۇجيەندە تەسىس قىلغان «بۇرغۇن» گېزىتى ئىدى.

«ئىنقىلاب زور دولقۇنلىرىنىڭ باش دولقۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەلق ئارمىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش قىزىل گېنى شۇ چاغدىن باشلاپلا قان تومۇرلارغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ئىدى.» ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى سۈن خۇڭبياۋ «بۇرغۇن» گېزىتىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، چېگرا رايون ئاساسىي قاتلام قىسىملىرىغا بېرىش ئېتىقادىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى.

2019 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست ئارمىيە بايرىمى، چوڭ تىپتىكى تارىخىي فىلىم «گۇتيەندىكى ھەربىي بۇيرۇق» پۈتۈن مەملىكەتتە قويۇلدى، فىلىمدە 1929 ـ يىلدىكى گۇتيەن يىغىنىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى قىزىل ئارمىيەنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت، ئەگرى ـ توقايلىقلار ئىچىدە ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدەنگەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى بايان قىلىنغانىدى.

«گۇتيەن يىغىنىنىڭ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قىزىل مەدەنىيەتنى تارقىتىش بىزنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيىتىمىز» دېدى زېڭ خەنخۇي. ئۇلار توردا گۇتيەن يىغىنى خاتىرە سارىيى ئاچتى، قەرەللىك ژۇرنال «گۇتيەندىكى ھەربىي بۇيرۇق»نى نەشر قىلدى ھەم «پارتىيە قۇرۇلۇشى روھى» «ئارمىيە روھى» «گۇتيەن يىغىنى توغرىسىدىكى مەخسۇس تېمىلىق تەتقىقات» «گۇتيەن يىغىنىغا گۇۋاھ بولۇش» «گۇتيەن يىغىنى ھۆججەت ماتېرىياللىرى» «غەربىي فۇجيەننىڭ ئىنقىلابىي تارىخىي ھۆججەت ماتېرىياللىرى» قاتارلىق پارتىيە تارىخىغا ئائىت 40 نەچچە پارچە كىتابنى تەھرىرلەپ نەشر قىلدى، ئەڭ دەسلەپكى ئارخىپ ھۆججەت ماتېرىياللىرى، ئىنقىلابىي ئەسلىمە، ئاغزاكى ماتېرىياللار قاتارلىقلارنى شەكىللەندۈرۈپ، تىرىشىپ گۇتيەن قىزىل مەدەنىيىتىنى قېزىش ۋە ئەۋج ئالدۇرۇشقا تارىخىي ماتېرىيال ئاساسى سالدى ۋە ئۇنى نەزەرىيە تىرىكىگە ئىگە قىلدى.

1974 ـ يىلى سىرتقا رەسمىي ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، گۇتيەن يىغىنى خاتىرە سارىيى جەمئىي 40 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئېكسكۇرسىيەچىنى كۈتۈۋالدى.

«يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ يەرگە كېلىپ قىزىل تەربىيەنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇۋاتقان ۋە ئوقۇۋاتقان نۇرغۇن چەت ئەل ئوفىتسېرلىرىمۇ گۇتيەن يىغىنى ئېچىلغان كونا جايغا كېلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى چۈشىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەزالىرىدىن تارىخىي ئۇزۇق قوبۇل قىلدى» دېدى زېڭ خەنخۇي.

2014 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، پۈتۈن ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمەت يىغىنى گۇتيەندە ئېچىلدى.

85 يىل ئىلگىرى، خەلق ئارمىيەسى بۇ يەردە سۇمۇرغدەك ئوتتا تاۋلىنىپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتى؛ 85 يىلدىن كېيىن، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇش تەدبىرى پۈتۈن ئارمىيەنى قايتا قوراللىنىپ، قايتا سەپەرگە ئاتلىنىشقا يېتەكلىدى. ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىككى قېتىملىق يىغىن زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ، ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، پارتىيە مۇتلەق قوماندانلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىدە تارىخىي خاراكتېرلىك تۆھپە قوشتى.

92 يىلدىن بۇيان، پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكى ئارمىيەمىزنىڭ قان تومۇرلىرىغا سىڭىپ، قەتئىي تەۋرەنمەس ئارمىيە قۇرۇش ئاساسىغا، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش روھىغا ئايلىنىپ، خەلق ئارمىيەسىنىڭ غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئاساسىي تەدبىرلەرنىڭ بىرى يۈكسەكلىككە كۆتۈردى، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە مۇتلەق رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا يېڭى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

«گۇتيەن يىغىنىدا بېكىتىلگەن بىر قاتار مۇھىم پرىنسىپ ھەممە يىغىندا مۇجەسسەملەنگەن ئۇلۇغ روھ پارتىيەمىزنىڭ 100 يىللىق شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىشىدىكى ‹مۇۋەپپەقىيەت مەخپىي شىفىرى›، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ ئىككىنچى 100 يىللىق مۇساپىدە يېڭى دەۋر سەھىپىسىنى داۋاملىق پۈتۈشىدىكى ‹غەلىبە ئەڭگۈشتەرى›» دېدى قۇرۇقلۇق ئارمىيە پىيادە ئەسكەرلەر شۆيۈەنى سىياسىي خىزمەت ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جېڭ خۇڭجۈن.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، فۇجوۋ، 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئاپتونوم رايون دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئاچتى

# دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، «13 ـ بەش يىل» ھەم 2020 ـ يىللىق دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى، بۇ يىللىق ۋە «14 ـ بەش يىل»لىق دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئۈچ يىللىق ھەرىكىتى ۋە دۆلەت كارخانىلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، قايتا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىدىيەنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پۇختا ئالغا سىلجىتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئىسلاھاتى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۈچەيتىش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى مەركەز قىلىپ، قەدەمنى پۇختا ئېلىپ دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاچقۇچلۇق ساھە ۋە نۇقتىلىق ھالقىلاردا مۇھىم ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئۆسۈشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كەمتۈكلۈك، ئاجىز تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ تېپىپ، دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دادىللىق بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەتئىي تەۋرەنمەي دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ سىياسىي جەھەتتە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، ئەتراپلىق ساپا يېتىلدۈرگەن، ئىستىلى ئەلا دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى سىستېمىسى قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

# شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2021 ـ يىللىق چاغانلىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى بۈگۈن كۆرسىتىلىدۇ

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جيا چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: «بەختلىك شىنجاڭ. جۇڭگو يىلى» باش تېما قىلىنغان شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2021 ـ يىللىق چاغانلىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سائەت 21دە شىنجاڭ سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيەسىدە تۇنجى قېتىم كۆرسىتىلىدۇ، ئوخشاش ۋاقىتتا تيانشان توردا كۆرسىتىلىدۇ. 165 مىنۇتلۇق كېچىلىكتە ئېسىل، رەڭدار نومۇرلار ئورۇنلىنىپ، قويۇق جەم بولۇش خۇشال كەيپىياتى نامايان قىلىنىدۇ.

بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى مۇقەددىمە، 1 ـ بۆلەك «تيانشاندىكى شادلىق ناخشىسى»، 2 ـ بۆلەك «ئانارگۈلى ئېچىلدى»، 3 ـ بۆلەك «كۆرەش قىلىپ ئارزۇغا ئىنتىلىش»، خاتىمىدىن ئىبارەت بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 350تىن ئارتۇق ئارتىس قاتناشتى. ناخشا ـ ئۇسسۇل، رەپ ناخشىسى، سىرك، شىچۈي تىياتىرى قاتارلىق ئاملىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «بەختلىك، ھاللىق جۇڭگو يىلى» نامىلىق نومۇر تاماشىبىنلارغا چەكسىز بايرام خۇشاللىقى ئاتا قىلىدۇ؛ «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش مېنىڭ شەرىپىم» نامىلىق ئېپىزوتتا شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھېكايىسى خام ماتېرىيال قىلىنغان... نومۇرلاردا شىنجاڭنىڭ ئۆتكەن بىر يىلدىكى تۈرلۈك ئىشلىرىدىكى غايەت زور تەرەققىيات ۋە پۇقرالارنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بەختلىك ئىشلار نامايان قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىللىق، بەختلىك، قىزغىن تۇرمۇش كارتىنىسى سۈرەتلەنگەن.

«بۇ يىلقى چاغانلىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىدە يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلدى، چاغانلىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىدە 20دىن ئارتۇق نومۇر بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 11 نومۇر يېڭىدىن ئىجاد قىلىندى.» كېچىلىكنىڭ باش رېژىسسورى شيې جۈنۋېن مۇنداق دېدى: كېچىلىكتە يەنە چىرا ناھىيەسى چىرا يېزىسىنىڭ ئارىش كەنتى، جىمسار ناھىيەسى، غۇلجا شەھىرى، ئارشاڭ ناھىيەسىدىن ئىبارەت تۆت تاشقى مەنزىرە نۇقتىسى تەسىس قىلىندى.

بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزدى، شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالدى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى ئۆتكۈزۈشكە ھەمكارلاشتى.

# پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق ۋە بىڭتۈەندىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ چاغىنىنى تەبرىكلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈرۈمچىدە پانۇس ۋە لېنتىلار ئېسىلىپ، ھەممە جاي قايناق ـ تاشقىنلىققا، خۇشال ـ خۇراملىققا، ئىناق بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى.

چېن چۈەنگو شىنجاڭ خۇالىڭ گۇرۇھى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە كېلىپ، بايرام مەزگىلىدە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى ھەم ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە چاغانلىق بەخت تىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: كاتتا چاغان ھەممە ئائىلىلەر جەم بولىدىغان پەيت، كەڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى بىرىنچى سەپتىكى ئىش ئورنىدا كۈچىنىڭ بارىچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بايرامنى ئىللىق ئۆتكۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى، كۆپچىلىك جاپا چەكتىڭلار. سىلەرنىڭ خىزمەت لاياقىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش تۈرۈبا تورىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ۋە ئاسراشنى كۈچەيتىپ، ئايلىنىش، ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە نۆۋەتچىلىك ـ دېجۇرنىلىق قىلىشنى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنىڭ بىخەتەر، مۇقىم ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش مۇلازىمىتى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنى ئىللىق، بەختلىك كاتتا چاغان ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭ تۇتۇپ، چاغان مەزگىلىدىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى ئىشلىشى، تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى، تارماقلارنىڭ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى، كارخانىلارنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختىلاپ، نۇقتىلىق ساھە ۋە ئورۇنلارنى چىڭ كۆزلەپ، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، يوشۇرۇن خەۋپنى ۋاقتىدا تۈگىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى خەلقنىڭ چاغاننى تىنچ، ئىناق ئۆتكۈزۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

دوستلۇق تاللا بازىرى جياخېيۈەن دۇكىنىدىكى تۈرلۈك تاۋارلار كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بولۇپ، تۈرى كۆپ، تولۇق ئىدى. چېن چۈەنگو چاغانلىق مال سېتىۋېلىشقا كەلگەن ھەر مىللەت ئامما، تاللا بازارنىڭ مۇلازىمەتچىلىرى بىلەن سەممىي پاراڭلىشىپ، چاغاندىن بۇرۇنقى بازار تەمىناتى، چاغانلىق مال بىلەن تەمىنلەش ـ سېتىش، مال باھاسىنىڭ ئايلىنىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: پۇقرالارنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى پۇختا تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، ماسكا تاقاش، ئارىلىق ساقلاش، تازىلىق، پاكىزلىق قاتارلىق يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چاغان مەزگىلىدە «كۆك ـ تاق» «ئاشلىق» «مېۋە» قاتارلىق تۈرلۈك تاۋارلار بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ۋە بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ماللارنىڭ مول، باھاسىنىڭ مۇقىم، سۈپىتىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ چاغاننى كۆڭلى توق، خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

«چاغىنىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن، چاغىنىڭلارنى مۇبارەكلەپ كەلدۇق!» چېن چۈەنگو ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سايباغ رايونى پىڭدىڭشەن تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى تۇگۈك مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى گاۋ سىدې ۋە مەممەت ئابلىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇلارغا چاغانلىق گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى ھەم كۆيۈمچانلىق بىلەن چۈرۈدىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، ئائىلە كىرىمى، داۋالىنىش ۋە ئوقۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى سەممىي سورىدى. گاۋ سىدې ۋە مەممەت ئابلىز چېن چۈەنگوغا مۇنداق دېدى: بۇ بىرقانچە يىلدا شىنجاڭدىكى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولىدۇ، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى، بىز ئېرىشكەن ئەمەلىي نەپ بارغانسېرى كۆپەيدى، ھەر بىر كىشى بۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، قەلبى شېرىن ھېسلارغا تولۇۋاتىدۇ. چېن چۈەنگو ئۇلارنىڭ كۈنلىرىنىڭ خۇشال ـ خۇرام، يىلدىن ـ يىلغا تېخىمۇ ياخشى ئۆتۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى ئىنتىپاقلىشىپ، ئۈيۈشۈپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، تىرىشىپ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەردىكى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۆ خەيرۇڭ قاتارلىقلار ھال سوراشتا بىللە بولدى.